# 112323 ـ ئىككى ئاياغقا مەسھ قىلغاندا بۇنى نىيەت قىلىش شەرت قىلىنامدۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

## سۇئال

ئاياغقا مەسھ قىلغاندا بۇنى نىيەت قىلىش شەرتمۇ؟ بۇنىڭ مەنىسى: مۇبادا مەن تاھارەت ئېلىپ ھوشۇقنى يايىدىغان ئاياغنى كىيدىم، ئەمما يەنە بىر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشنى نىيەت قىلمىدىم-ئويلىمىدىم، مەن دەسلەپتە قونچلۇق ئاياقنى ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشنى نىيەت قىلماستىن پەقەت سىرتقا چىقىش ئۈچۈنلا كىيگەن بولسام، كېيىن تاھارەت ئالغاندا ئۇنىڭغا مەسھ قىلسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىخچام جاۋاپ

ئۆتۈك-مەيسە-پايپاقلارغا مەسھ قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن ئۇنى نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس، ئەگەر ئۇ ئاياغلارنى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن (يەنى تاھارەت ئۈستىگە) كىيگەن بولسا، ئەگەر ئۇ كىشى مۇقىم بولسا بۇنىڭغا بىر كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ، مۇبادا مۇساپىر بولسا ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

ئۆتۈك-مەيسە-پايپاقلارغا مەسھ قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن ئۇنى نىيەت قىلىش شەرت ئەمەس، ئەگەر ئۇ ئاياغلارنى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن كىيگەن بولسا، ئەگەر ئۇ كىشى مۇقىم بولسا بۇنىڭغا بىر كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ، مۇبادا مۇساپىر بولسا ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ.

ئۆتۈك-مەيسە-پايپاقلارغا مەسھ قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن 9640 - نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: ئىككى ئاياغقا مەسھ قىلىشنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن مەسھ قىلغاندا بۇنى نىيەت قىلىش شەرت قىلىنامدۇ؟، شۇنىڭدەك مەسھ قىلىدىغان مۇددەتنىمۇ نىيەت قىلامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: " بۇيەردە نىيەت قىلىش ۋاجىپ ئەمەس، چۈنكى بۇ ھۆكۈم شۇ ئىشنىڭ تېپىلىشىغا ئالاقىدار بولغان ئىشتۇر، بۇنىڭ نىيەتكە ئېھتىياجى بولمايدۇ، قانداقكى، ئىنسان كىيىم كىيسە بۇنىڭ بىلەن نامازدا شۇنىڭدەك ئەۋرەتنى يېپىشنى نىيەت قىلىش شەرت قىلىنمىغاندەك، ئۆتۈك-مەيسە-پايپاقلارنى كىيگەندىمۇ ئۇنىڭغا مەسھ قىلىشنى ۋە مەسھ قىلىش مۇددىتىنى نىيەت قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى، مۇساپىر بولسا نىيەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ، مۇقىم بولسا نىيەت قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن بىر كېچە-كۈندۈز مەسھ قىلىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى: 11 - توم 117 - بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.